شام ۋە دەمەشقنىڭ پەزىلىتى

تۈزگۈچى: ئابدۇرەھىم (ئىخلاس)



تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى شام شۆبىسى ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات بۆلۈمى

شام ۋە دەمەشقنىڭ پەزىلىتى

تۈزگۈچى : مۇجاھىد قېرىنداشلار ئابدۇرەھىم
(ئىخلاس)
تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى شام شۆبىسى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

كىرىش سۆز

گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان الله غا خاستۇر. الله نى ماختايمىز، ئۇنىڭغا تايىنىمىز، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم تەلەپ قىلىمىز. نەپسىمىز ۋە ناچار ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن الله غا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. الله ھىدايەت قىلغان كىشىنى ئازدۇرغۇچى، ئۇ ھىدايەت قىلمىغان كىشىنى توغرا يولغا

يېتەكلىگۈچى يوقتۇر. الله نى ھېچ شېرىكى يوق يەككە-يېگانە دەپ، الله نىڭ دىنىنى ھەممە دىنلاردىن ئۈستىن قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن مۇھەممەد ﷺ نى، الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز.

الله تىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا، قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكەن بارلىق ياخشى كىشىلەرگە رەھمەت ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلىمىز.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەزىز مۇھاجىر ۋە مۇھاجىرە، مۇجاھىد ۋە مۇجاھىدە قېرىنداشلىرىم:

الله نىڭ تەۋپىق ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن « شام ۋە دەمەشقنىڭ پەزىلىتى » دېگەن بۇ تەرجىمە رىسالەمنى قېرىنداشلىرىم ھوزۇرىغا سۇنماقچىمەن. ھەربىر بەندە خاتالىقتىن خالى ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن قېرىنداشلىرىمدىن تەرجىمە ۋە تەھرىردە خاتا كەتكەن يەرلىرىمنى تۈزىتىپ قويىشىڭلارنى، كەمىنە قېرىندىشىڭلار ھەققىدە سالىھ دۇئادا بولىشىڭلارنى سورايمەن. الله بۇ قىلغان ئەمىلىمنى ئۆزى قوبۇل قىلسۇن! «ئامىين»

ئى الله! ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلغىن. مۇشرىكلار ۋە كاپىرلارنى خار، دىن دۈشمەنلىرىنى تارمار قىلغىن. مۇسۇلمانلارنىڭ دىللىنى بىرلەشتۈرگىن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلغىن.

ئى الله! رەھبەرلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلغىن، توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلغىن، قىلغان ئىشلىرىنى سەن رازى بولىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان ئىشلاردىن قىلغىن، ئۇلارنىڭ دىنى دۇنياۋى ئىشلىرىغا ياردەم بەرگىن، ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرىنى ئىسلاھ قىلغىن، ئۇلار بىلەن دىنىڭغا ۋە كىتابىڭغا ياردەم بەرگىن،

بارلىق مۇسۇلمان رەھبەرلەرنى سىېنىڭ كىتابىڭ ۋە پەيغەمبىرىڭنىڭ سۈننىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان قىلغىن، سەن ھەممىگە قادىر، قۇدرەتلىك زاتسەن.

ئى اللهﷻ! بىزگە ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە، باتىلنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭدىن يىراق بولۇشقا مۇيەسسەر قىلغىن. بىزنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بىز بىلمىگەن سەن بىلىدىغان گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈم قىلغىن. سەن ھەممىدىن ئەۋۋەل ۋە كېيىن، سەندىن باشقا ئىلاھ يوق. بىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىمىزنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى قىلغىن. بىزنى دۇنيانىڭ خارلىقى ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ساقلىغىن. ئى بۈيۈك ئىززەتلىك اللهﷻ! دىنىڭغا، كىتابىڭغا ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدﷺ نىڭ سۈننىتىگە ياردەم بەرگىن. «ئامىين»

تۈزگۈچىدىن

گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان **الله** غا خاستۇر. **الله** تىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكەن بارلىق ياخشى كىشىلەرگە كۆپلەپ رەھمەت ۋە مەغپىرەت سورايمىز.

شام ۋە شام ئەھلى ۋە دەمەشىق ئۈچۈن قۇرئاندا، سۈننەتتە، ئۆلىمالارنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپلىگەن پەزىلەتلەر كەلگەن. شامغا بەركەت بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا **الله** تعالى قۇرئاندا بەش ئايەت زىكرى قىلغان.

بىرىنچى ئايەت:

الله تـــعـــالى نىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدىكى سۆزى: «ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئايەتلىرىمىزدىن غاپىل بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى دېڭىزغا غەرق قىلىپ جازالىدۇق [136]. بوزەك قىلىنغان قەۋمنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى) بىز بەرىكەتلىك قىلغان (شام) زېمىنىنىڭ شەرق تەرەپلىرىگە ۋە غەرب تەرەپلىرىگە (يەنى ھەممە تەرەپكە) ۋارىس قىلدۇق. ئىسرائىل ئەۋلادى سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇلارغا قىلغان چىرايلىق ۋەدىسى تولۇق ئىشقا ئاشتى؛ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ سالغانلىرى (يەنى ئىمارەتلىرى) نى ۋە ياسىغانلىرى (يەنى باغلىرى ۋە ئېكىنزارلىقلىرى) نى ۋەيران قىلدۇق[137]».(سۈرە ئەئراف)

ھەقىقەتەن پىرئەۋن دېڭىزغا غەرىق قىلىنغاندىن كېيىن بەنى ئىسرائىل شام زېمىنىنىڭ مەشرىق ۋە مەغرىبلىرىگە ۋارىس قىلىنغان.

ئىككىنچى ئايەت:

الله تعالى نىڭ مۇھەممەد ﷺ نى شام زېمىنىغا سەير قىلدۇرغانلىقى. ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان **الله** نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. «**الله** (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە

مەسجىدى ھەرەمدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى. ھەقىقەتەن الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [1].» سۈرە بەنى ئىسرائىل (ئىسرا)

ئۈچىنچى ئايەت:

الله تعالى نىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدىكى سۆزى: «ئۇلار ئىبراھىمغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدى، بىز ئۇلارنى ئەڭ زىيان تارتقۇچى قىلدۇق [70]. بىز ئىبراھىم بىلەن لۇتنى قۇتقۇزدۇق، ئۇلارنى بىز ئەھلى جاھان ئۈچۈن بەرىكەتلىك زېمىنغا كۆچۈردۇق [71].» (سۈرە ئەنبىيا)

تۆتىنچى ئايەت:

«سۇلايمانغا قاتتىق چىقىدىغان شامالنى مۇسەخخەر قىلىپ بەردۇق، شامال سۇلايماننىڭ ئەمرى بويىچە، بىز بەرىكەتلىك قىلغان زېمىنغا (يەنى شامغا) باراتتى، بىز ھەممىنى بىلگۈچىمىز [81]». (سۈرە ئەنبىيا)

قاتتىق چىقىدىغان شامال سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ پادىشاھلىقى بولغان شام زېمىنىغا ماڭاتتى.

بەشىنچى ئايەت:

«ئۇلار بىلەن بىز بەرىكەتلىك قىلغان قىشلاقلار ئارىسىدا، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان (تۇتىشىپ كەتكەن) نۇرغۇن قىشلاقلارنى بەرپا قىلدۇق، ئۇلار ئارىسىدىكى مېڭىشنى ئۆلچەملىك قىلدۇق (يەنى سەپەردە يېمەك-ئىچمەك ئېلىۋالمىسىمۇ بولىدىغان، ئەتىگەن چىققان يولۇچى چۈشتە بىر ئۆتەڭگە يېتىپ بارسا، كەچتە بىر ئۆتەڭگە يېتىپ بارىدىغان قىلدۇق)، (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى) "ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېچىلەردە ۋە كۈندۈزلەردە تىنچ —— ئامان مېڭىڭلار!" [18]» (سۈرە سەبەئ)

الله تعالى سەبەئ ئەھلى قىسسىسىدە، يەمەن بىلەن قىشلاقلار ئوتتۇرىسىدىكى جاي قەدىمكى ئىمارەتلەر قاتارىدىن بولغان شام زېمىنى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۆلىمالار ھەم شۇنداق ئېيتقان. بۇ بەش ئايەتتە **الله** تعالى مۇبارەك شام زېمىنىنى زىكرى قىلدى.

- شام زېمىنىغا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ﷺ نىڭ سەيرە قىلدۇرۇلىشى.

- شام زېمىنىغا بەنى ئىسرائىلنىڭ يۆتكۈلىشى.

- شام زېمىنىدا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ پادىشاھلىقى بولىشى.

- شام زېمىنىغا سەبەئ ئەھلىنىڭ كۆچىشى.

- ھەقىقەتەن **الله** تعالى نىڭ مۇبارەك شام زېمىنىغا بەركەت بەرگەنلىكى.

- تۇر تېغى ھەم شام زېمىنىدا بولۇپ، **الله** تعالى تۇر تېغىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سۆزلىگەن.

- **الله** تعالى تۇر سۈرىسىدە تۇر تېغى بىلەن قەسەم قىلغان.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان **الله** نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن: «تۇر تېغى بىلەن قەسەمكى [1]» (تۇر سۈرىسى)

- مەسجىدىل ئەقسا ھەم شام زېمىنىدا.

- بەنۇ ئىسرائىل شام زېمىنىدا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن.

- پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ شام زېمىنىغا سەير قىلدۇرۇلغان ۋە مىئراجغا شام زېمىنىدا كۆتۈرۈلگەن.

- ئىنسانلار شام زېمىنىغا توپلىنىدۇ، شام زېمىنىدا قايتۇرۇلىدۇ. (قىيامەتتە ئىنسانلار توپلىنىدىغان ۋە تارقىلىدىغان جاي شام زېمىنى).

پەيغەمبەرﷺ نىڭ ئۈممىتىدىن بولغان «تائىفەتۇل مەنسۇرە» شام زېمىنىدا. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇلاردىن باشقا ساھابىلەر رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىستە كەلگەندەك، قىيامەتكىچە مۇستەھكەم تۇرىدىغان «تائىفەتۇل مەنسۇرە» شام زېمىنىدا بولىدۇ.

« ئۈممىتىمدىن بىر تائىفە ھەق ئۈستىدە غالىب بولغان ھالەتتە ھەمىشە بولىدۇ. ئۇ تائىفىگە قارشى چىققانلار ۋە ياردەمچىسىز قويغانلار، ھەتتا قىيامەت قايىم بولغىچە ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ». (سەھىھ جامىئۇسسەغىر 7164)

بۇخارى ۋە مۇسلىمدا مۇئاز ئىبنى جەبەلدىن رىۋايەت قىلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار شامدا». تارىخۇل بۇخارى دېگەن كىتابتا مەرفۇئ ھالەتتە زىكىر قىلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار دەمەشقتە».

سەھىھۇل مۇسلىمدا پەيغەمبەر ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنىپ مۇنداق كەلگەن: «غەرب ئەھلى ھەمىشە غالىب ھالەتتە تۇرىدۇ، ئۇلارغا ئۇلارنى ياردەمسىز قويغانلار زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ھەتتا قىيامەت بولغۇچىلىك. (سەھىھ مۇسلىم 6-54)

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل مۇنداق دېگەن: غەرب ئەھلى، ئۇلار شام ئەھلى.

بۇسۆزنى شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە كۆچلەندۈرگەن.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بۇنى ئىككى يول بىلەن ئۇقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

1- ھەدىسنىڭ قالغىنىدا غەرب ئەھلىنىڭ شام ئەھلى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

2- ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ لۇغىتى ۋە مەدىنە ئەھلىنىڭ لۇغىتىدا (غەرب ئەھلى) دېگىنى ئۇلار بولسا شام ئەھلى ۋە مەدىنە ئەھلىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى كىشىلەر دېگىنىدۇر. خۇددى مەدىنە ئەھلىنىڭ (مەشرىق ئەھلى)

دېگىنى، ئۇلار نەجدە ئەھلى ۋە ئىراق ئەھلى دېگىنىدۇر. ھەقىقەتەن مەشرىق مەغرىب نىسبەت بىرىلىدىغان ئىشلار قاتارىدىن. ھەرقانداق شەھەرنىڭ غەرب شەرق تەرىپى بولغاندەك، مەدىنىنىڭمۇ غەرب شەرق تەرىپى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ سۆزىدە ئېتىبار ئالغان نەرسە مەدىنىنىڭ غەرب، شەرق تەرىپى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەدىسنى مەدىنىدە تۇرۇپ سۆزلىگەن.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەپ خەۋەر بەرگەن: «ھەقىقەتەن غەرب ئەھلى غالىب ھالەتتە ھەمىشە بولىدۇ. ئەمما شەرق ئەھلى گاھىدا غەلىبە قىلىپ گاھىدا مەغلۇب بولىدۇ».

رىياللىقمۇ شۇنىڭدەك بولدى. شام قوشۇنى ھەمىشە غالىب بولۇپ كەلدى. مەدىنە ئەھلى ئىمام ئەۋزائىينى غەرب ئەھلىنىڭ ئىمامى دەپ ئاتىشاتتى. ئىمام سەۋرىنى شەرق ئەھلىنىڭ ئىمامى دەپ ئاتىشاتتى. ھەقىقەتەن شام زېمىنى **الله** نىڭ زېمىنلىرىنىڭ ياخشىسى بولۇپ، شام ئەھلى **الله** نىڭ ياخشى بەندىللىرى ۋە زېمىن ئەھلىنىڭ ياخشىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

شامنىڭ پەزىلىتى توغرۇلۇق كۆپلىگەن سەھىھ ھەدىسلەر كەلگەن

ئۇلارنىڭ قاتارىدىن-زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىدا تېرە پارچىسىغا يېزىلغان قۇرئان ئايەتلىرىنى رەتلەۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر ﷺ : «شام ئۈچۈن نىمە دېگەن زور بەخت!» دېدى. بىز: ئى رەسۇلۇللاھ، نېمە ئۈچۈن؟ دەپ سورىغان ئىدۇق. پەيغەمبەر ﷺ :«چۈنكى رەھمان تائالانىڭ پەرىشتىلىرى قاناتلىرىنى ئۇ يەرگە يېيىپ تۇرۋاتىدۇ».

(شەيخ ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

ئابدۇللاھ ئىبنى ھەۋالە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «يېقىندا سىلەر كۆپلىگەن قوشۇن بولۇپ شەكىللىنىسلەر بىر قوشۇن شامدا، بىر قوشۇن ئىراقتا، بىر قوشۇن يەمەندە». ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا تاللاپ بەرسىلە دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى: «شامنى لازىم تۇتۇڭلار، كىمكى ئۇنىڭغا ئۇنىمىسا يەمەندىكىگە قوشۇلسۇن ۋە كۆللىرىدىن سۇ ئىچسۇن، ھەقىقەتەن الله ئەززە ۋەجەللە مەن ئۈچۈن شام ۋە شام ئەھلىگە كېپىل بولدى».

رەبىيئە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبا ئىدرىسنىڭ بۇ ھەدىسنى سۆزلەۋېتىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "قانداق كىشىگە الله كېپىل بولسا، الله ئۇ كىشىنى زايا قىلىۋەتمەيدۇ". (شەيخ ئەلبانى ناھايىتى سەھىھ دېگەن)

ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن چۈشۈمدە كىتابنىڭ بېشىم (ياستۇقۇم) نىڭ ئاستىدىن ئېلىنغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ باشقا يەرگە ئېلىپ كېتىلىدىغانلىقىنى پەملەپ كۆزۈمتۈشكە باشلىدىم، ئۇ شامغا ئېلىپ كېتىلدى. بىلىڭلاركى پىتنە تۇغۇلغاندا ئىمان شامدا بولىدۇ». (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان 17321-ھەدىس)

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شام، كىشلەر يىغىلىدىغان ۋە تارقىلىدىغان زېمىن». (شەيخ ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

مۇئاۋىيە ئىبنى قۇررە دىن رىۋايەت قىلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قاچانىكى شام ئەھلى پاساتلاشسا سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ياخشىلىق قالمايدۇ. مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تائىفە كىشلەر ياردەم بېرىلگەن (غالىب) ھالەتتە ھەمىشە بولىدۇ. بۇتائىفەگە ئۇلارنى ياردەمسىز قويغانلار ھەتتا قىيامەت بولغۇچىلىك زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ». (شەيخ ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «بۇ ئۇممەت قايسى تەرەپكە يۈزلىنىشتىن قەتئىنەزەر ھەمىشە ياردەم بېرىلگۈچىدۇر (يەنى غالىبتۇر)، ھەتتا اللهنىڭ بۇيرۇقى كەلگۈچە، بۇ ئۇممەتنى ياردەمسىز قويغانلار زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شام ئەھلى». بۇ ھەدىس سەھىھ، لېكىن «ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شام ئەھلى» دېگەن سۆزلا زەئىپ. (شەيخ ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

بۇ ئورۇندا يەنە بىر سەھىھ رىۋايەت بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئۇلار شامدا» دېگەن سۆز بىلەن رىۋايەت قىلىنغان. بۇ سۆزگە ئىمام مۇسلىم ۋە باشقىلار سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاستىن مەرفۇئ ھالەتتە رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

سەھىھ مۇسلىمدا پەيغەمبەرﷺ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھەقىقەتەن پەيغەمبەرﷺ مۇنداق دېگەن:« غەرب ئەھلى ھەمىشە غالىب ھالەتتە تۇرىدۇ، ئۇلارغا ئۇلارنى ياردەمسىز قويغانلار زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ھەتتا قىيامەت بولغۇچىلىك». (سەھىھ مۇسلىم 6-54)

يۇقۇرىدا سوزلىگىنىمىزدەك ھەقىقەتەن غەرب ئەھلى شام ئەھلى.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «ئى رەببىم! شامىمىزغا بەركەت بەرگىن! يەمەنىمىزگە بەركەت بەرگىن! - دەپ دۇئا قىلدى. بىز: نەجدكىمۇ (بەركەت بەرسۇن)! - دېگەن ئىدۇق؛ پەيغەمبەر ﷺ يەنە: ئى رەببىم! شامىمىزغا بەركەت بەرگىن! يەمەنىمىزگە بەركەت بەرگىن! - دەپ دۇئا قىلدى. بىز: نەجدكىمۇ (بەركەت بەرسۇن)! - دېگەن ئىدۇق، بۇ قېتىم پەيغەمبەر ﷺ : تەۋرىنىشلەر ۋە پىتنىلەر شۇ يەردە بولىدۇ، شەيتاننىڭ مۈڭگۈزىمۇ شۇ يەردىن چىقىدۇ دېدى». (بۇخارى ۋە مۇسلىم)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ قەۋمگە ئالدىنى قىلىپ، «ئى الله! مەدىنىمىزگە بەركەت بەرگىن ۋە مودلىرىمىزغا، سالىرىمىزغا (مەلۇم ئۆلچەم بىرلىكلىرى) بەركەت بەرگىن» دېدى. بىر كىشى، ئىراقىمىزغا؟ دىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ جىم تۇردى. ئۇ سوئال سورىغان كىشى سوئالىنى قايتىلاپ، ئىراقىمىزغا ؟ دىۋىدى. پەيغەمبەر ﷺ جىم تۇردى. كېيىن مۇنداق دېدى: «ئى الله! مەدىنىمىزگە بەركەت بەرگىن ۋە مودلىرىمىزغا، سالىرىمىزغا بەركەت بەرگىن، شامىمىزغا بەركەت بەرگىن. ئى الله بەركەت بىلەن بەركەت قىلىپ بەرگىن. جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى؛ مەدىنىنىڭ تاغ يوللىرى، چىغىر يوللىرى ياكى يوچۇقلىرى يوق بولۇپلا قالسا، ئۇ ئورۇندا ئىككى پەرىشتە ئۇنى قوغدايدۇ، ھەتتا ئۇلار ئۇنىڭغا كەلگۈچىلىك». (شەيخ ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ سەئىدىل خۇدرىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە (4-117) مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «بەركەت بىلەن ئىككى بەركەت قىلىپ بەرگىن». ئەمما ئەبۇ نەئىيم، ئىبنى ئەساكىر، ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئىراقىمىزغا؟»دېگەندە پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىدىن يۈزىنى ئۆرۈپ، «ئىراقتا تەۋرىنىش ۋە پىتنە بولىدۇ، ئۇ يەردە شەيتاننىڭ مۈڭگۈزى ئاشكارا بولىدۇ» دېدى. (شەيخ ئەلبانى سەھىھ دىگەن)

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قولىنى ئىراققا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «ئاگاھ بولۇڭلار، ھەقىقەتەن پىتنە بۇ ئورۇندا، ھەقىقەتەن پىتنە بۇ ئورۇندا، ھەقىقەتەن پىتنە بۇ ئورۇندا، بۇ جايدىن شەيتاننىڭ مۈڭگۈزى ئاشكارە بولىدۇ» دېگەنلىكىنى كۆردۈم.

(ئىمام ئەھمەد بۇھەدىسنى يۇقۇرىدىكىدەك قىسقا رىۋايەت قىلغان)

بۇ مۇسلىمنىڭ شەرتىگە چۈشىدىغان سەھىھ ھەدىس. ئىمام مۇسلىم ئۆزىنىڭ سەھىھ كىتابىدا (8-181) بۇ ھەدىسنىڭ ئوخشىشىنى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى (شەرھى ئەسقىلانى 13- 38)، ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئەساكىر، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرفۇئ ھالەتتە تۆۋەندىكى ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «ئى **الله**، شامىمىزغا بەركەت بەرگىن، ئى **الله**، يەمەنىمىزگە بەركەت بەرگىن». ساھابىلەر نەجدىمىزگە؟ (ئىراقىمىزغا) دىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ :« ئۇ ئورۇندا تەۋرىنىشلەر بولىدۇ دىدى ...». (تىرمىزى سەھىھ دىگەن)

ئابدۇللا ئىبنى ھەۋالە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ ئى رەسۇلۇللاھ، ماڭا مەن تۇرىدىغان بىر شەھەرنى يېزىپ بەرسەڭ، ئەگەر مەن سىنىڭ باقى قالىدىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسام ساڭا بولغان يېقىنلىقىمغا ھىچ نەرسىنى ئىختىيار قىلمايتتىم دىۋىدىم، پەيغەمبەر ﷺ :«شامنى لازىم تۇتقىن، ھەقىقەتەن شام **الله** نىڭ زىمىنلىرىدىن بولغان ياخشى زىمىن. **الله** شام زىمىنىغا بەندىلىرىدىن ياخشى كىشلەرنى تاللايدۇ» دىدى .

(ئەبۇ داۋۇد، ئىمام ئەھمەد سەھىھ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دىگەن: بىر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ بىزگە مۇنداق دىدى: «چۈشۈمدە پەرىشتىلەرنى كۆردۈم. ئۇلار كىتابنى ئېلىپ ئۇ كىتاب بىلەن شامنى مەقسەت قىلدى. پىتنە يۈز بەرگەندە، ئىمان شامدا بولىدۇ.» (شەيخ ئەلبانى سەھىھ دىگەن)

سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دىگەن:«زامان ئاخىرىدا ھەزرە مەۋتتىن بىر ئوت چىقىپ ئىنسانلارنى توپلايدۇ. بىز، ئى رەسۇلۇللاھ بىزنى نىمىگە بۇيرۇيسەن؟ دىدۇق. پەيغەمبەر ﷺ: شامنى لازىم تۇتۇڭلار، - دىدى».

(شەيخ ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

بەھزى ئىبنى ھەكىم ئىبنى مۇئاۋىيە ئەلقۇشەيرى دادىسىدىن ۋە بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئى رەسۇلۇللاھ، مېنى قەيەرگە بۇيرۇيسەن؟ - دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ : قولى بىلەن شام تەرەپكە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ، بۇ يەرگە دېدى ۋە چوقۇمكى سىلەر پىيادىلىق، ئۇلاغلىق ۋە يۈزىچە سۆرەلگەن ھالەتتە توپلىنىسىلەر، دېدى». (شەيخ ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «غۇتە دېگەن جايدا بولىدىغان چوڭ ئۇرۇشتا، مۇسۇلمانلارنىڭ شەھىرى شامنىڭ ئەڭ خەيرلىك شەھەرلىرىدىن بولغان دەمەشق شەھىرىنىڭ يېنىدا بولىدۇ».

ئىككىنچى رىۋايەتتە ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «غۇتە دېيىلىدىغان زېمىندا بولىدىغان چوڭ ئۇرۇش كۈنى، مۇسۇلمانلارنىڭ شەھىرى دەمەشق دەپ ئاتىلىدىغان شەھەردۇر؛ بۇ كۈندە دەمەشق مۇسۇلمانلارنىڭ جايلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى». (شەيخ ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

ئەۋس ئىبنى ئەۋس سەقەفى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ھەقىقەتەن ئۇ پەيغەمبەرﷺ نىڭ:«ئىيسا ئىبنى مەريەم ئەلەيھىسسالام دەمەشقنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئاق مۇنار قېشىغا چۈشىدۇ» - دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ. (شەيخ ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

كەيسان رەزىياللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇ مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن پەيغەمبەرﷺ نىڭ: «ئىيسا ئىبنى مەريەم ئەلەيھىسسالام دەمەشقنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئاق مۇنار قېشىغا چۈشىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. (شەيخ ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

نەۋۋاس ئىبنى سەمئان ئەلكەلابي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «ئىيسا ئىبنى مەريەم ئەلەيھىسسالام دەمەشقنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئاق مۇنار قېشىغا چۈشىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

(شەيىخ ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

ئەۋس ئىبنى ئەۋس سەقەفى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھەقىقەتەن ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «ئىيسا ئىبنى مەريەم ئەلەيھىسسالام دەمەشقنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئاق مۇنار قېشىغا چۈشىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستىدە سارغۇش ئىككى كىيىم بولۇپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىدىن ئۈششاق مەرۋايىت (خۇددى سۇ) تامچىلاۋاتقاندەك» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. (شەيىخ ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ھەقىقەتەن ئۇ پەيغەمبەرﷺ نىڭ:« قاتتىق قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەندە، **الله** قورال-ياراقلىرى ئەڭ ياخشى بولغان ئەرەبلەرنىڭ ئىسىل چەۋەندازلىرىنى دەمەشىق تەرەپتىن ياردەمچى قوشۇن قىلىپ ئەۋەتىدۇ، **الله** ئۇلار بىلەن دىننى كۈچلەندۈرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم-دەيدۇ. (شەيىخ ئەلبانى ھەسەن دېگەن)

بۇھەدىس بۇخارىنىڭ شەرتىگە چۈشىدىغان سەھىھ ھەدىس.

ئى مۇھاجىر مۇجاھىدلار ! ئى ئىسلام شىرلىرى! ئى ئۇممەت غېمىنى يەيدىغان دىن ئوغلانلىرى! ئى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىنى كۆرۈپ بۇ مەزلۇم ئۇممەتنى زىللەت-خارلىقتىن ئېلىپ چىقىش يولىنى ئىزدەۋاتقانلار! ئى بۇ زاماندىكى ھەرخىل پىتنىلەردىن قۇتۇلۇش چارىسىنى ئىزدەپ، ئىمانغا تەلپۈنۈۋاتقانلار! ئى ئىمان، ئىسلام ئۈچۈن يۈرىكى سوقۇۋاتقانلار!

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنۇ سۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار! «ئاگاھ بولۇڭلار، پىتنە يۈز بەرگەندە ھەقىقەتەن ئىمان شامدا». (ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «شامنى لازىم تۇتقىن، ھەقىقەتەن شام الله نىڭ زېمىنلىرىدىن بولغان ياخشى زېمىن. الله ئۇ زېمىنغا ئۆزىنىڭ ياخشى بەندىلىرىنى تاللايدۇ». (ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئى رەسۇلۇللاھ، مېنى قەيەرگە بۇيرۇيسەن؟ دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ : قولى بىلەن شام تەرەپكە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ، بۇ يەرگە» دېدى. (ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

پەيغەمبە ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «شامنى لازىم تۇتۇڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ الله نىڭ شەھەرلىرىنىڭ ياخشىسى. ئۇنىڭغا الله نىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ياخشىلىرى ئولتۇراقلىشىدۇ». (ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «زېمىن ئەھلىنىڭ ياخشىسى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلغان زېمىننى لازىم تۇتقان كىشىلەر».

(ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

پەيغەمبەرﷺ يەنە مۇنداق دېگەن:« الله نىڭ زېمىنلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى شام. الله نىڭ خەلقلىرىنىڭ ۋە بەندىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى شامدا. ئەلبەتتە الله ئۇممۇتۇمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ھېساپسىز، ئازاپسىز جەننەتكە كىرگۈزىدۇ». (ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «مۆئمىنلەر دىيارىنىڭ مەركىزى شام».

(ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:« غەرب ئەھلى ھەمىشە غالىب ھالەتتە تۇرىدۇ، ئۇلارغا ئۇلارنى ياردەمسىز قويغانلار زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ھەتتا قىيامەت بولغۇچىلىك» (يەنى غەرب ئەھلى شام ئەھلى). (ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى الله شامىمىزغا بەركەت بەرگىن. ئى الله بەركەت بىلەن بەركەت قىلىپ بەرگىن». (ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەرﷺ مۇنداق دېگەن: «بەركەت بىلەن ئىككى بەركەت قىلىپ بەرگىن». (مۇسلىم 4-117)

پەيغەمبەرﷺ مۇنداق دېگەن: «غۇتە دېيىلىدىغان زېمىندا بولىدىغان چوڭ ئۇرۇش كۈنى، مۇسۇلمانلارنىڭ شەھرى دەمەشىق دەپ ئاتىلىدىغان شەھەردۇر. بۇ كۈندە دەمەشىق مۇسۇلمانلارنىڭ جايلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى». (ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىيسا ئىبنى مەريەم ئەلەيھىسسالام دەمەشقنىڭ شەرىق تەرىپىدىكى ئاق مۇنار قېشىغا چۈشىدۇ».

(ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: « قاتتىق قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەندە، الله قورال-ياراقلىرى ئەڭ ياخشى بولغان ئەرەبلەرنىڭ ئىسىل چەۋەندازلىرىنى دەمەشىق تەرەپتىن ياردەمچى قوشۇن قىلىپ ئەۋەتىدۇ، الله ئۇلار بىلەن دىنىنى كۈچلەندۈرىدۇ». (ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شام ئۈچۈن نېمە دېگەن زور بەخت! ھەقىقەتەن رەھمان تائالانىڭ پەرىشتىلىرى قاناتلىرىنى ئۇ يەرگە يېيىپ تۇرۇۋاتىدۇ». (ئەلبانى سەھىھ دېگەن)

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «شام ئەھلى پاساتلاشسا سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ياخشىلىق يوق». (تىرمىزى سەھىھ دېگەن)

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن:« جەبرائىل (جىبرىئىل) ئەلەيھىسسالام ماڭا ھۇما ۋە تائۇن كېسىلىنى ئېلىپ كېلىپ ھۇما كېسىلىنى مەدىنىدە توختۇتۇپ قويۇپ تائۇن كېسىلىنى شامغا ئەۋەتىۋەتتى؛ تائۇن ئۈممىتىم ئۈچۈن شاھادەت ۋە رەھمەت، كاپىرلارغا بولسا رەسۋالىقتۇر». (سەھىھ جامىئىل سەغىر)

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «دەججال مەشرىق تەرەپتىن كېلىپ مەدىنىنى مەقسەت قىلىدۇ، ھەتتا ئۇ ئوھۇد نىڭ ئارقىسىغا چۈشكەندە پەرىشتىلەر ئۇنىڭ يۈزىنى شام تەرەپكە ئۆرۈپ قويىدۇ ۋە شۇ يەردە ھالاك بولىدۇ». (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

مۆئمىنلەرنىڭ زامان ئاخىرىدا شام زېمىنىغا توپلىنىشى

ئەبى ئۇمامەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئىراق ئەھلىنىڭ ياخشىلىرى شامغا يۆتكەلمىگۈچىلىك ۋە شام ئەھلىنىڭ يامانلىرى ئىراققا يۆتكەلمىگۈچىلىك قىيامەت بولمايدۇ».

(ئىمامى ئەھمەد رىۋايەت قىلغان ئىسنادى ھەسەن)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇ، ئۇ زاماندا مۇئمىن كىشى قالمايدۇ، لېكىن قېلىپ قالسا شامغا قوشۇلىدۇ».

(ئابدۇرازاق، ھاكىم رىۋايەت قىلغان. بۇھەدىس بۇخارى مۇسلىمنىڭ شەرتىگە چۈشىدىغان سەھىھ ھەدىس)

الله تعالى سۈرە مۇئمىنۇننىڭ 50- ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: «بىز مەريەمنىڭ ئوغلىنى (يەنى ئىسانى) ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى (يەنى مەريەمنى) (كامالى

قۇدرىتىمىزنىڭ) دەلىلى قىلدۇق، ئۇلارنى تۇپتۈز، ئېقىن سۇلۇق بىر ئېگىز جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق [50] ».

سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، الله تعالى نىڭ «ئۇلارنى تۇپتۈز، ئېقىن سۇلۇق بىر ئېگىز جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق» دېگەن سۆزى ئۇ يەر دەمەشقتۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

ئىكرەمە ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: الله تعالى نىڭ «ئۇلارنى تۇپتۈز، ئېقىن سۇلۇق بىر ئېگىز جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق» دېگەن سۆزى دەمەشىق دەريالىرى.

پەيغەمبەر ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنغان ۋە ئىبنى ئابباس، ئىبنى مۇسەييەب، ئىبنى سالاملار، ئۇ يەر دەمەشىق دېگەن. (تەپسىر ئىبنى ئابباس)

الله تعالى سۈرە تىيىننىڭ 1-2- ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: «ئەنجۈر بىلەن ۋە زەيتۇن بىلەن قەسەمكى [1] سىنا تېغى بىلەن قەسەمكى [2]».

ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلار بۇئىككىسى مېۋە دېگەن. زەههاك ئۇ ئىككىسى شام زېمىنىدىكى ئىككى مەسجىد، (تىيىن) دەمەشقتىكى مەسجىد، (زەيتۇن) بەيتۇل مۇقەددەس مەسجىدى، تۇر تېغى الله مۇسا ئەلەيهىسسالامغا سۆزلىگەن تاغ. (تەپسىر ئىبنى ئابباس)

تەپسىرى سەئىدى مۇنداق دېگەن: ئەنجۈر بىلەن زەيتۇن دەرىخى مېۋىسىنىڭ مەمپەتى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن الله تعالى ئۇ ئىككىسى بىلەن قەسەم قىلغان. ئۇ ئىككى دەرەخنىڭ پادىشاھلىقى (ئەڭ كۆپ ئۆسىدىغان ئورنى) ئىيسا ئەلەيهىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئورنى بولغان شام زېمىنى. تۇر تېغى مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئورنى. (تەپسىر سەئىدى)

ئەلى ئىبنى زىمام كەئىبىل ئەھباردىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم كەئىبىل ئەھبارنىڭ قېشىغا كېلىپ مەن الله ئەززە ۋەجەللەنىڭ پەزلىنى

تەلەپ قىلىپ چىقماقچى، دېۋىدى. كەئبىل ئەھبار ئۇ كىشىگە مۇنداق دېدى: شامنى لازىم تۇتقىن ھەقىقەتەن زېمىنلاردا بەركەت كەمەيسە شامدا زىيادە بولىدۇ. (ئوبۇل ھەسەن رەبئىنىڭ شام ۋە دەمەشقنىڭ پەزىلىتى)

ئابدۇراھمان ئىبنى يەزىد ئىبنى جابىر مۇنداق دېگەن: مەن ئەبى سەلامنىڭ ھەبەشىگە سىز نېمە ئۈچۈن ھىمسىدىن دەمەشققە يۆتكىلىسىز؟ دېسەم ئۇ مۇنداق دېدى: ماڭا ھېچ بىر ئەرەب مەندىن ئىلگىرى بۇ توغرۇلۇق سوئال قىلىپ باقمىغان ئىدى، ماڭا « ھەقىقەتەن بەركەت » دەمەشقتە ھەسسىلىنىدۇ دېگەن خەۋەر يەتتى.

مۇھەممەد ئىدرىس ئەششافىئى مۇنداق دېگەن: ئابدۇل مۇتەللىپ دەمەشقتە ۋاپات تېپىپ ئۆيەرگە دەپنە قىلىنغان. (ئوبۇل ھەسەن رەبئىنىڭ شام ۋە دەمەشقنىڭ پەزىلىتى)

ھەقىقەتەن ئەبۇ دەردا، ۋاسىلەتە ئىبنى ئەسقە، فۇزالەتىبنى ئەبىد، ئوسا ئىبنى زەيد، ھەفسە بىنتى ئۆمەر، ئۇممۇ ھەبىبە، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىككى ئايالى ۋە ساھابىلاردىن كۆپلىگەنلىرى دەمەشقتە ۋاپات تېپىپ دەمەشققە دەپنە قىلىنغان. (ئوبۇل ھەسەن رەبئىنىڭ شام ۋە دەمەشقنىڭ پەزىلىتى)

كەئىب مۇنداق دېگەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى دەمەشقتە.

(شام ۋەدەمەشقنىڭ پەزىلىتى ئوبىل ھەسەن رەبئىنىڭ)

ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى دەمەشقتە. (شام ۋە دەمەشقنىڭ پەزىلىتى ئوبۇل ھەسەن رەبئىنىڭ)

مەكھۇل ئابدۇللاھ ئىبنى سالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام مۇنداق دېگەن: شامدا پەيغەمبەرلەرنىڭ قەبرىلىرىدىن بىر مىڭ يەتتە يۈز قەبرە ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى بار. ھەقىقەتەن دەمەشق زامان ئاخىرىدىكى چوڭ قىرغىنچىلىقتىن ئىنسانلارنىڭ قوغدىلىدىغان پۇختا قورغىنى.

(ئوبۇل ھەسەن رەبئىنىڭ شام ۋە دەمەشقنىڭ پەزىلىتى)

يۇقۇرىدا سۆزلەنگەن شام ۋە دەمەشقنىڭ پەزىلەتلىرى. ئۇ توغرۇلۇق كەلگەن پەزىلەتلەرنىڭ بىر قىسمى خالاس. مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، بولۇپمۇ مۇبارەك شام زېمىنىدا مۇھاجىر ۋە مۇجاھىد بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل قېرىنداشلىرىمىنىڭ پەيغەمبەر ﷺ بەرگەن خۇش بىشارەتلەردىن تەسەللى ۋە خۇش بىشارەت ئالسۇن ئۈچۈن ئاز بولسىمۇ بۇ پەزىلەتلەرنى رەتلەپ چىقتىم. سالىھ دۇئالىرىڭلاردا ھەققىمگە دۇئا قىلىپ قويۇشىڭلارنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن. الله تعالى بۇ قىلغان ئەمىلىمنى خالىس ئۆزىنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن قىلىپ بەرسۇن.

الله تعالى بىزلەرنى قىيامەتكىچە ھەق ئۈستىدە تۇرىدىغان تائىپە (جامائەت) دىن قىلسۇن. ئاخىرىدا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئائىلە ـ تاۋابىئاتىغا ۋە ساھابىلىرىگە الله تعالى دىن رەھمەت ۋە سالاملار سورايمىز. (ئامىين)

1435 ھ – شعبان

(07-2014)



ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «ئى رەببىم! شامىمىزغا بەركەت بەرگىن! يەمەنىمىزگە بەركەت بەرگىن! - دەپ دۇئا قىلدى. بىز: نەجدىمىزگىمۇ (بەركەت بەرسۇن)! - دېگەن ئىدۇق؛ پەيغەمبەر ﷺ يەنە: ئى رەببىم! شامىمىزغا بەركەت بەرگىن! يەمەنىمىزگە بەركەت بەرگىن! - دەپ دۇئا قىلدى. بىز: نەجدىمىزگىمۇ (بەركەت بەرسۇن)! - دېگەن ئىدۇق، بۇ قېتىم پەيغەمبەر ﷺ : تەۋرىنىشلەر ۋە پىتنىلەر شۇ يەردە بولىدۇ، شەيتاننىڭ مۈڭگۈزىمۇ شۇ يەردىن چىقىدۇ دېدى». (بۇخارى ۋە مۇسلىم)